# باھاردىكى «نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلغان» بەش پەيت

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى قوشۇمچە سىناق سوئالى، تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۆرسەتكەن بىۋاستە تەسىرىنىڭ بىرى نامرات ئاممىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى بولدى. گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2019 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 27 مىليون 290 مىڭ نامرات ئەمگەك كۈچى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان. ئەگەر تەدبىر قوللىنىلمىسا، نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئازىيىپ كېتىدۇ.

نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلەمچىلىك قىلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئالدى بىلەن قوللاش ھازىرقى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە. «شەرقىي - غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەشتە ھەمكارلىشىپ، ‹نۇقتىدىن نۇقتىغا› توشۇش ئارقىلىق، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا تېزدىن، تەرتىپلىك قايتىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك» باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى خىرىسقا قارىتا يېڭى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

گۇيۈەن شەھەرلىك ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى يىن جېڭشىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتوموبىل ھۆددىگە ئېلىشتىن سىرت، گۇيۈەن شەھىرى بۇ يىل يەنە تۇنجى قېتىم ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىپ «نۇقتىدىن نۇقتىغا، بىر بېكەت شەكلى»دە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان خادىملارنى مەركەزلىك توشۇغان. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، گۇيۈەن شەھىرى ھۆددىگە ئالغان ئايروپىلان ۋە ئاپتوموبىل جەمئىي 245 تۈركۈم قېتىم بولۇپ، فۇجيەن ئۆلكىسىگە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئەمگەك كۈچىدىن 1175 كىشى توشۇلغان.

قەرزىنى بالدۇرراق قايتۇرۇش ئۈچۈن، جىن سۇسۇنىڭ ھەتتا بىر بوتۇلكا سۇ سېتىۋېلىشقىمۇ كۆزى قىيمايتتى. «مەن پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ قويۇپ، يىل ئاخىرىدا بىراقلا ئېلىپ كېتىمەن، قەرزىمنى قايتۇرغاندىن كېيىن، نىمكەش ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋالىمەن.» ئۇيلىرى «تاتلىق» بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۈنلىرى «ئاچچىق» تۇيۇلمىدى.

كېيىنكى قەدەمدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى جايلار داۋاملىق «سىرتقا چىقىرىشنى كۈچەيتىش» «ئۆز جايىدا، يېقىن جايدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» «ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنى» «ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش» قاتارلىق سىياسەتلەر ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىدىكەن، 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 25 ئۆلكىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان نامرات ئەمگەك كۈچى 23 مىليون 529 مىڭ 600 كىشىگە يېتىپ، بۇلتۇرقى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 86.21%نى ئىگىلەپ، 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكىدىن 34.18 پىرسەنت پوئېنت ئاشقان.

## «غەيرىتىمىزنى بوشاشتۇرمىساقلا، ھەرقانچە قىيىن ئىشتىنمۇ قورقمايمىز»

تاڭ سەھەردىكى چىنبا تاغلىق رايونىدا قۇياش تاغ چوققىسىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپقا ئالتۇن نۇرلىرىنى چېچىشقا باشلىغانىدى. 58 ياشلىق جاڭ شى ئېتىزدا كاۋاۋچىن دەرىخىنى پەرۋىش قىلىۋاتاتتى. ئۇ كاۋاۋچىن دەرەخلىرىگە خۇددى باللىرىغا قارىغاندەك مېھىر بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ نۇرلانغان كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك ۋە تولۇپ تاشقان ئۈمىد چىقىپ تۇراتتى.

خېنەن سەنمېنشيا شەھىرى مىەنچى ناھىيەسىنىڭ نەنسۇن يېزىسى شىشەندى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ شىنىڭ ئائىلىسى تىپىك نامرات ئائىلە ئىدى: خوتۇنى ئېغىر مېيىپ بولۇپ، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايتتى، چوڭ ئوغلى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانىدى، ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن كىچىك ئوغلى سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ يىللىق كىرىمى ئاران 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، داۋالىنىش، دورا خىراجىتى ۋە تۇرمۇش خىراجىتىگىمۇ يەتمەيتتى.

نامراتلىق ئادەمنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئالدىنقى يىللاردا، كادىرلار ئۇنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ ئانچە پەرۋا قىلماستىن: «نامراتلىقتىن ئاشۇنداق ئاسان قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولسا، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتەتتىمۇ!» دېدى. دەسمايىسى، تېخنىكىسى يوق جاڭ شى داۋاملىق «ئاسمانغا تايىنىپ جان بېقىپ» ئۆتۈۋەردى.

بۇرۇلۇش 2016 - يىلى يۈز بەردى. نەنسۇن يېزىسى كاۋاۋچىن دەرىخى تىكىشنى كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرى قىلدى. قەرز ئېلىشقا بولىدىغان بولدى، تېخنىكا ئۆگىتىلدى، نۇرغۇن يۇرتداشلىرىنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، جاڭ شىمۇ ئوبدان ئىشلەپ نەتىجە يارىتىشقا بەل باغلىدى. بۇلتۇر كاۋاۋچىندىن تۇنجى قېتىم ھوسۇل ئېلىپ، توققۇز مو يەردىن 13 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. چاغاننىڭ ئالدىدا، ئائىلىسىگە بىر چوڭ توڭلاتقۇ سېتىۋالدى، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر شادلىققا چۆمدى.

ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئەمدىلا ياخشىلىنىشقا باشلىغاندا، تۇيۇقسىز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تارقالدى. «ئەتىياز كېلەي دەپ قالدى، دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى قانداق قىلارمىز؟ كىچىك ئوغلۇم سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلالارمۇ؟» «ئەڭ نامرات چاغلىرىمدىمۇ بۇنداق جىددىيلىشىپ باقمىغانىدىم».

نۆۋەتتە جاڭ شىغا ئوخشاش ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكى ئاساسلىقى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش ۋە كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا تايىنىدۇ. نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ تېزدىن ئەسلىگە كېلىش - كەلمەسلىكى تەستە قولغا كەلگەن نامراتلارنى يۆلەش نەتىجىلىرىنىڭ مۇستەھكەم بولۇش - بولماسلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن تەسىرنى قانداق تۈگىتىشكە قارىتا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى: «نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەدەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش مەبلىغى ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك».

بۇ مەزگىلدە، كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى جاڭ شىغا ياردەملىشىپ يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى ئالاقىلىشىپ بەرگەندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىنى يېقىن ئەتراپتا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى. «قانداقلا بولمىسۇن ئىلگىركى كۈنلىرىمىزگە يېنىپ كەتسەك بولمايدۇ.» كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر جاڭ خۇاگو يانتۇلۇققا تىكلىگەن كاۋاۋچىن دەرەخلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جاڭ شىغا مۇنداق دېدى: «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىز بىر تۈپ بىر تۈپتىن تىككەن، غەيرىتىمىزنى بوشاشتۇرمىساقلا، ھەرقانچە قىيىن ئىشتىنمۇ قورقمايمىز».

ئۆزىنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى، سىياسەتنىڭ ياردىمى، قاتمۇقات ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، جاڭ شىنىڭ كۆڭلىرى ئۈمىدكە تولدى، ئۇ يەنە بىرنەچچە چوشقا بېقىشنى ئويلاشتى. «بۇ يىل ئائىلىمىز جەزمەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ، چاغاندا سىزنى ئۆيىمىزگە كېلىپ جىياۋزى يەپ، چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلالىغان بولسام ياخشى بولاتتى!» دېدى ئۇ نامراتلارنى يۆلەش كادىرىغا.

## ئاسمانغا تايىنىپ جان بېقىشتىن ئىگىلىك تىكلەپ لاۋبەن بولۇشقىچە

باھارنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا، يۈننەن ئۆلكىسى ۋېنشەن جۇاڭزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى گۇاڭنەن ناھىيەسىدىكى يۈەنمىڭ مەھەللىسىدە ياڭ جىنرېن ئۆزىنىڭ مياۋزۇ كىيىم - كېچەك دۇكىنىدا تورۇدىن يېڭى پاسونلارنى ئىزدەۋاتاتتى. «مياۋزۇ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ كەشتە نۇسخىلىرى تېز يېڭىلىنىدىغان بولغاچقا، كۆپرەك كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ» دېدى ئۇ مۇخبىر بىلەن مياۋزۇ كەشتىچىلىك ھۈنىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، ئۇ بۇلارنى پىششىق بىلەتتى.

ئىلگىرى ئۇ ئۇزاق يىل تاغ ئارىسىدا ئاسمانغا تايىنىپ جان بېقىپ كەلگەنىدى. ھازىر ئىشىك ئالدىدا دۇكان ئېچىپ، لاۋبەن بولدى.

ياڭ جىنرېننىڭ يۇرتى گۇاڭنەن ناھىيەسى بولۇپ، يۈننەن ئۆلكىسىدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى تۇرۇشلۇق شەجىدى كەنتى تاغدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. كەنتكە كىرىدىغان پەقەت بىرلا توپا يول بار بولۇپ، كەنتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىققىلى بولمايتتى، كەنتنىڭ سىرتىدىكى كەسىپلەر كىرەلمەيتتى.

يول بولمىغاچقا، نامراتلىق گويا ئالدىنى توسۇپ تۇرغان چوڭ تاغقا ئوخشايتتى. ياڭ جىنرېن بۇنىڭغا تەن بەرمەي، بۇ تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىر ئىش قىلىپ باقماقچى بولدى. ئۇ گۇاڭدۇڭغا بېرىپ سۈۋاركىچىلىقنى ئۆگەندى، ناھىيەدە تىككۈچىلىكمۇ قىلىپ باقتى... باشقىلارغا ئىشلەمچىلىك قىلغان كۈنلەردە تۇرمۇشنى ئارانلا قامدىيالىدى.

ئۇنىڭ تەقدىرىدە 2018 - يىلى بۇرۇلۇش بولدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى كۆچۈرۈپ يۆلىنىدىغان نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

تاغدىن كۆچۈپ چىقىپ، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە، ياڭ جىنرېن يۈرەكلىك ھالدا مياۋزۇ كىيىم - كېچەك دۇكىنى ئاچتى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، ئۇ دۇكىنىدا كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم كۆپ پۇل تاپتى. «تۇنجى كۈنىلا 180 مىڭ يۈەنلىك مال ساتتىم، ھەتتا قوشنا ناھىيەلەردىكىلەرمۇ كېلىپ مال سېتىۋالدى».

ھالبۇكى، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۈپەيلىدىن زاكازلار زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى، بۇ ياڭ جىنرېنغا خېلى زور زەربە بولدى.

زاكاز ئازايغان ئىكەن مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ «ئېنېرگىيە تولۇقلاش» كېرەك. ياڭ جىنرېن رەخت توقۇش ماشىنىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈردى، يەنە ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئىگىلىك تىكلەش بويىچە كۇرۇسقا قاتناشتى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.» ياڭ جىنرېن مۇنداق دېدى: ھازىر ئەڭ مۇھىم بولغىنى يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە زاكازنىڭ ئازىيىپ كېتىش تەسىرىنى يېڭىش، بۇ مەزگىلدىن پايدىلىنىپ كەشتىچىلەرنى تەربىيەلەپ، يېڭى نۇسخا، رەڭلەرنى تەتقىق قىلىپ، يىل ئاخىرىدىكى زاكاز يۇقىرى پەللىگە چىقىدىغان مەزگىلگە تەييارلىق قىلالايدىغان بولدۇم.

سودىسى يۈرۈشكەندىن كېيىن، ياڭ جىنرېن ئەتراپىدىكى نامرات ئائىلىلەرنى بىللە ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. «كېيىنكى قەدەمدە دۇكاننى تېخىمۇ چوڭايتىمەن، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ ئادەم قوبۇل قىلىپ، نامرات ئاياللارنى ئىشىكى ئالدىدىلا پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، يەنە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ».

ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش باشلامچىلىرى نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان «كەتمەيدىغان خىزمەت ئەترىتى». 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 25 ئۆلكىدە نامرات كەنتلەردىكى ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش باشلامچىسىدىن جەمئىي 365مىڭ كىشى يېتىشتۈرۈلۈپ، 118 مىڭ نامرات كەنتنى قاپلاپ، جەمئىي 4 مىليون 100 مىڭ نامرات ئاھالىنى يېتەكلىدى.

گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئوۋ چىڭپىڭ 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىستىرلىقى بىلەن گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىرلىكتە ئاچقان «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» ۋە نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن 52 ناھىيەنىڭ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى سىن يىغىنىدا مۇنداق دېدى: بۇ يىل يىل ئاخىرىغىچە ھەربىر نامرات كەنتتە ئۈچتىن بەشكىچە ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش باشلامچىسى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۆۋەن چەك نىشان - ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## تاتلىق سۇ كەلدى، ئاشخانا ئېچىلدى

4 - ئايدىكى كۇئېنلۈن تېغى ئېتىكىدە، چىرا دەرياسى بويىدىكى ئۆرۈك دەرەخلىرى ھال رەڭ، ئاپئاق چېچەكلەر بىلەن تولغانىدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، گۈلسۈمخان مەتتوختى ئاچقان ئاشخانىنىڭ خېرىدارلىرى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. «يۇقۇم ئاخىرلاشسىلا، تاغقا كېلىدىغان ساياھەتچىلەر كۆپىيىدۇ» دېدى ئۇ تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن.

بۇ ئاشخانىنى ئېچىش ئاسانغا چۈشمىگەن، شۇڭا گۈلسۈمخان ئالاھىدە قەدىرلەيدۇ.

چىرا ناھىيەسىنىڭ جەگتال كەنتى جايلاشقان شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونغا تەۋە بولۇپ، كۇئېنلۈن تېغىدىكى قار - مۇزلاردىن ئېرىگەن سۇلار يىغىلىپ ھاسىل بولغان چىرا دەرياسى يەرلىك ئاھالىلەر ۋە چارۋىلارنىڭ بىردىنبىر ئىچىدىغان سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. «دەريانىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىنىدا چارۋىچىلىق مەيدانى بولغاچقا، سۇدا دائىم كالا، قويلارنىڭ تېزەك - مايىقلىرى ئېقىپ كېلەتتى. كەنتتىكى نۇرغۇن كىشى تاش چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى، كىچىك بالىلارنىڭ قورسىقىنىڭ ئاغرىشىمۇ ئادەتتىكى ئىش ئىدى.» سۇ تىلغا ئېلىنسىلا، گۈلسۈمخاننىڭ زەردىسى قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى.

2017 - يىلى كەنتتە تۇنجى قۇدۇق قېزىلدى. تاتلىق قۇدۇق سۈيى كەلدى، گۈلسۈمخانىمۇ پۇرسەت كەلدى: 2018 - يىلى ئۇنىڭ ئاشخانىسى رەسمىي تىجارەت باشلىدى.

سۇ، نۇرغۇن ئېغىر نامرات رايونلاردىكى «نامراتلىق يىلتىزى»نىڭ بىرى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: دىققەتنى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» قاتارلىق ئېغىر نامرات رايونلارغا داۋاملىق مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش لايىھەسىنى ئەمەللەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، سىياسەتنى ئەمەللەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ۋەزىپىنى تاماملاش كېرەك.

جەگتال كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى ساۋ جيەنبىن مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، يول، توك ئىشلىتىش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ساھەلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى داۋاملىق توغرا نىشانلاپ، سالماقنى ئاشۇرۇپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن يۇقىرى سۈپەتتە قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«خاتىرجەم سۇ» ئىچكەن گۈلسۈمخاننىڭ قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى. «بۇلتۇر 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، بىر تەخسە ئۆي لەغمىنىنى 12 يۈەندىن سېتىپ 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم.» ئاشخانا كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئۇنىڭ مۆلچەرىدىن ئېشىپ كەتتى، «ئاشخانىدا يەنە بىرقانچە يېڭى قورۇمىلارنى كۆپەيتىسەم، ئېرىم مال توشۇپ تاپقان پۇلنى قوشساق، ئائىلىمىز بۇ يىل چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ».

## تاغدىن كۆچۈپ چۈشكەندىن كېيىن جاھان كېڭەيدى

4 - ئايدا، خېشى كاردوردىدا ئاندىن بىشلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ. گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرى گۇلاڭ ناھىيەسىنىڭ خۇاڭخۇاتەن ئېكولوگىيەلىك كۆچمەنلەر رايونى فۇمىن يېڭى كەنتىدىكى لى يىڭچۈەن ئائىلىسىنىڭ پارنىكىنىڭ ئىچى باھار ھىدىغا تولغانىدى. «ئەڭ يېڭى بازار باھاسى بويىچە، بىر پارنىكتىن بىر ئايدا 2000 يۈەن پۇل تاپقىلى بولىدۇ، ئىلگىرى يەر تېرىپ نەدىمۇ بۇنچە كۆپ كىرىم قىلغىلى بولسۇن!»

لى يىڭچۈەن ئائىلىسى ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ چىلىەنشەن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى گۇلاڭ جەنۇبىي تاغلىق رايونىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئون يىلنىڭ توققۇزىدا ھوسۇل ئالالمايتتى، يەر تېرىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى باققىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. 2018 - يىلى، لى يىڭچۈەن ئائىلىسى گۇلاڭ ناھىيەسىنىڭ خېڭلياڭ يېزىسى خېڭلياڭ كەنتىدىن فۇمىن يېڭى كەنتىگە كۆچۈپ كەلدى، تۇرمۇشىمۇ يېڭى تۈسكە كىردى.

«ئۆز جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئىنتايىن قىيىن بولغان نامرات ئاھالىلەرگە قارىتا باشقا جايغا كۆچۈرۈشنى يولغا قويۇپ، پىلان بويىچە يىللارغا بۆلۈپ پىلانلىق تەشكىللىك ھالدا يولغا قويۇش، كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، «قانداق يۆلەش» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش توغرىسىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرما قىلغان.

بۇنىڭغا قارىتا شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت پارنىك ۋە ئىسسىق قوتاننى ياندىشتۇرۇپ قۇردى. ئېتىزغا قايتىدىن قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان «نامرات كەسپ»نىڭ دەرىجىسى ئۆسۈپ، «زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى»گە ئايلانغانلىقىنى كۆچۈپ كەلگەن لى يىڭچۈەن ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بىر يىلغا يەتمەيلا، لى يىڭچۈەن پارنىك تېرىقچىلىقى، ئىسسىق قوتان باقمىچىلىقىدا «كەسىپ ئەھلى»گە ئايلاندى.

پىلان بويىچە، فۇمىن يېڭى كەنتى بۇ يىل يەنە پارنىك، ئىسسىق قوتان، سۇ تەگشەش - ساقلاش كۆلچىكى قاتارلىق باشقا جايغا ئاھالە كۆچۈرۈشتىكى ياندىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن.

«يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە ئىش باشلاش ۋاقتى پىلاندىكىدىن بىر ئاي كېچىكتى، بىز يۇقۇم دەخلى قىلغان سۈرئەتنى تولۇقلىۋېلىشىمىز كېرەك.» فۇمىن يېڭى كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ يەنتاڭ مۇنداق دېدى: بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، بىز ئادەم ئىشلىتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ۋەزىپىنى قەرەلدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە لى يىڭچۈەن ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. كۆچمەنلەر كۆچۈپ كەتكەن جەنۇبىي قىسىمدىكى تاغلىق رايوندا ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بىيېنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى كۆچۈرۈشتىن بۇرۇنقى 10%كىمۇ يەتمەيدىغان ھالەتتىن ھازىرقى 80%كە يېتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلغاندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 9 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئاھالە نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەش ئارقىلىق «بىر يەرنىڭ سۇ تۇپرىقى شۇ يەردىكىلەرنى باقالمايدىغان» قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدى. نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشى قىيىن بولۇش، توك ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش، مەكتەپتە ئوقۇشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، ئالاقىلىشىشى قىيىن بولۇش قاتارلىق ئۇزاق مەزگىل ھەل بولماي كەلگەن كونا، چوڭ، قىيىن مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىنىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، ئولتۇراق ئۆي بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

«2020 - يىلغا بارغاندا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى، جەزمەن قەرەلدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى مەردانە جاراڭلىدى.

**(يازغان مۇخبىر: خوۋ شۆجىڭ؛ قاتناشقان مۇخبىرلار: شۈ جىنيۈ، سۇڭ شياۋدۇڭ، ۋاڭ بو، پېڭ يۈنجيا، ليۇ بىڭ، لىن بىڭبىڭ، خاڭ رۈي)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئېغىر نامرات رايون، مىللىي رايون، چېگرا رايون بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى ئېغىر، قىيىنلىق دەرىجىسى زور. خۇ چۈنخۇا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭىسار ناھىيەسى، پەيزاۋات ناھىيەسى، ئاقتۇ ناھىيەسى، ئاتۇش شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، نامرات يېزا - كەنتلەر، نامراتلارنى يۆلەش كارخانىلىرى ۋە نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەش - ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ پىكىر - تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

خۇ چۈنخۇا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش پەيتى يېتىپ كەلدى، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش روھىي ھالىتى بىلەن، دىققەتنى قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنى كەم - كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەر ۋە نامراتلىق دەرىجىسى چوڭقۇر بولغان نامرات كەنتلەردە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئەڭ ئاخىرقى قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە نازارەت قىلىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كەتكەن نوپۇس ۋە يېڭىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن نوپۇسنى ۋاقتىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىدە ئىش باشلاشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەش ياندىشما كەسىپلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ يۇڭفۇ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى پېڭشىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.